# شەھىد ئۆلتۈرۈلگەن ۋاقىتتا پەقەت چۆمۈلە چاققانچىلىكلا ئاغرىق ھېس قىلىدۇ

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «شەھىد ئۆلتۈرۈلگەن ۋاقىتتا پەقەت چۆمۈلە چاققانچىلىكلا ئاغرىق ھېس قىلىدۇ» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدى

ھەسەن(ھەدىسنى سەھىھ قىلىدىغان تۆت شەرتى تولۇق بولۇپ بەشىنچى شەرتىدە مەسىلە بولسا ھەسەن بولىدۇ)] [ئىبنى ماجە"سۈنەن ئىبنى ماجە"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان - تىرمىزىي"سۈنەن تىرمىزى"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان - نىسائىي"سۈنەن نىسائىي"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان - ئىمام ئەھمەد"مۇسنەد"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان - دارىمى"سۈنەن دارىمىي"ناملىق ئ]

ھەدىسنىڭ مەنىسى: ئىنسان ئاللاھ يولىدا شېھىت بولغان ۋاقىتتا، ئۆلتۈرۈلۈشتىن ئۇنىڭغا يېتىدىغان نەرسە، دارىمىنىڭ رىۋايىتىدە: ئۆلتۈرۈلۈشتىن يەتكەن ئەلەمدىن خۇددى بىرىمىز چۆمۈلە چېقىۋالغاندا ئاغرىق ھېس قىلغاندەك ھېس قىلىدۇ، دارىمىنىڭ رىۋايىتىدە: چۆمۈلە چاققانچىلىك ھېس قىلىدۇ، دېيىلگەن، يەنى شېھىت باشقا كىشىلەرگە ئوخشاش سەكراتنىڭ ۋە ئۆلۈمنىڭ ئاچچىقىنى تېتىمايدۇ، بەلكى ھېس قىلىدىغان ئەڭ قاتتىق ئاغرىق چۆمۈلە چېقىۋالغانچىلىك ئاغرىق بولىدۇ، چۆمۈلىنىڭ چاققان ئاغرىقى تېزدىن يوق بولىدۇ، ئىنسان ئۇنى تۇيماي قالىدۇ، مانا بۇ ئاللاھ تائالانىڭ شېھىتكە قىلغان مەرھەمىتى، چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ جېنىنى ئاللاھنىڭ يولىدا ئەرزىمەس قىلىپ تەقدىم قىلغاچقا، ئاللاھمۇ ئۇنىڭغا ئۆلۈمنىڭ ئاغرىقىنى يەڭگىل قىلدى

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3914

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee